2005 ـ يىل 3 ـ سان
2005 年第 3 期
No. 3, 2005

تىل ۋە تەرجىمە
语言与翻译（维吾尔文）
Language and Translation (Uighur)

24 ـ يىل نەشرى ( ئومۇمىي 154 ـ سان)
第 24 卷（总第 154 期）
Volume 24 (General No. 154)

# هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سۈپەت دەرىجىلىرى ئۈستىدە دەسلەپكى ستاتىستىكىلىق تەھلىل*

ئىسمائىل ئابدۇرېھىم

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى 2003 ـ يىللىق ئاسپىرانت سىنىپى، ئۈرۈمچى 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە ئۇيغۇر تىلىدىكى سۈپەت دەرىجىلىرى ئۈستىدە ستاتىستىكىلىق تەھلىل ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق سۈپەتلەرنى تۈرگە ئايرىش، سۈپەتلەرنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسىنى بەلگىلەش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** سۈپەت دەرىجىلىرى؛ گراماتىكىلىق كاتېگورىيە؛ سۈپەتنىڭ دەرىجە قوشۇمچىسى.

سۈپەتلەرنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى دېگىنىمىز: سۈپەتنىڭ ھەر خىل دەرىجە شەكىللىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن گراماتىكىلىق مەنىلەرنىڭ يىغىندىسى، يەنى سۈپەت ئىپادىلىگەن خۇسۇسىيەت، بەلگىگە قارىتا بولغان سۇبيېكتىپ ھېسسىياتنى بىلدۈرىدىغان گراماتىكىلىق مەنىلەرنىڭ يىغىندىسىدۇر. سۈپەتنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى — ئەسلىي دەرىجە، كېمەيتمە دەرىجە، ئاشۇرما دەرىجە ۋە ئەركىلەتمە دەرىجە دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بىراق، سۈپەتنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسىنىڭ بۇ تۈرلىرىنىڭ دەرىجە بىلەن تۈرلىنەلەيدىغان سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسىدە تەكشى بولمايدۇ. سۈپەت دەرىجە كاتېگورىيىسىنىڭ بۇ تۈرلىرىنىڭ ھەربىرى ئۆزىگە خاس قوشۇمچىغا ئىگە بولغان بولۇپ، بۇ قوشۇمچىلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئۈنۈمدارلىقى يۇقىرى، بەزىلىرىنىڭ ئۈنۈمدارلىقى تۆۋەن.

ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسىنىڭ سۈپەت تەتقىقاتىدا ھازىرغا قەدەر نۇرغۇن قائىدىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، كۆزقاراش ئاساسەن بىرلىككە كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە بىر قىسىم بىرلىكلەرنى قانداق قائىدە بىلەن چۈشەندۈرۈش جەھەتتە گراماتىكىشۇناسلار ئارىسىدا تېخى بىرلىك يوق. سۈپەتلەرنى تۈرگە ئايرىش، سۈپەتلەرنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسىنى بەلگىلەش، سۈپەت دەرىجە كاتېگورىيىسى قوشۇمچىلىرىنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسى قاتارلىقلار ئۇيغۇر تىلىدىكى سۈپەت تەتقىقاتىدا تېخى تولۇق ھەل قىلىنمىغان بىر مەسىلە. شۇڭا، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۈپەت دەرىجىلىرى ئۈستىدە ستاتىستىكىلىق تەھلىل ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق سۈپەتلەرنى تۈرگە ئايرىش، سۈپەتلەرنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسىنى بەلگىلەش مەسىلىسىنى ئاساس بىلەن تەمىنلەشكە بولىدۇ.

«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى (قىسقارتىلمىسى)»گە 50 مىڭغا يېقىن تۈپ، ياسالما سۆزلەر ۋە بىر قىسىم دىئالېكت سۆزلىرى، تۇراقلىق بىرىكمىلەر كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە سۈپەت دەپ بەلگە قويۇلغانلىرى جەمئىي 5949 سۆز. تۆۋەندە بۇ سۈپەتلەرنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى ئۈستىدە تەھلىل ئېلىپ بارىمىز.

1. سۈپەتنىڭ ئەسلىي دەرىجە شەكلى سۈپەت ئىپادىلىگەن بەلگىنىڭ نورمال دەرىجىسىنى بىلدۈرىدۇ. سۈپەتنىڭ ئەسلىي دەرىجە شەكلى سۈپەتلەرنىڭ مورفولوگىيىلىك تۈرلىنىشكە كىرمىگەن، يەنى ھېچقانداق سۈپەت دەرىجە قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنمىگەن ۋاقىتتىكى شەكلى بولۇپ، سۈپەتنىڭ باشقا دەرىجىلىرىنىڭ ئاساسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

2. سۈپەتنىڭ كېمەيتمە دەرىجە شەكلى شۇ سۈپەت ئىپادىلىگەن بەلگىنىڭ دەرىجىسى ئەسلىدىكىگە قارىغاندا سەل ئاجىزلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. سۈپەتنىڭ كېمەيتمە دەرىجە شەكلى شۇ سۈپەت ئۆزىگە « ـ راق // ـ رەك» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. بىز تەكشۈرگەن سۈپەتلەر ئىچىدە «بۇ قوشۇمچە بىلەن تۈرلىنىپ كېلەلەيدۇ» دەپ قارالغان سۈپەتلەر جەمئىي 1402 سۆز بولۇپ، بۇ ئومۇمىي سۈپەتلەرنىڭ % 24 نى تەشكىل قىلىدۇ. قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلەش قول بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئەمگەك بولغانلىقى ھەمدە تىل پاكىتلىرى بىلەن تەمىنلەش مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈ-

* ماقالىنى يېزىشتا يېتەكچىلىك قىلغان مەرھۇم ئۇستازىم خالىق نىيازغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

چۈن، تۈرلىنىش ياكى تۈرلەنمەسلىكى ئېنىق ئەمەس دەپ قارالغانلىرى 147 سۆز بولۇپ، بۇ ئومۇمىي سۈپەتنىڭ 2.5% نى تەشكىل قىلىدۇ. يۇقىرىقى سۈپەتلەر ئۈستىدە تەھلىل ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق تۆۋەندىكى بىرنەچچە خىل ئەھۋالدا سۈپەتلەرنىڭ «- راق // - رەك» قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنەلمەيدىغانلىقىنى خۇلاسىلەشكە بولىدۇ:

1) مەنە جەھەتتىن مۇتلەقلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان بىر قىسىم سۈپەتلەر. مەسىلەن:

ئەركەك، بويتاق، پارلاق، پۈتكۈل، سابىق، سول، كەنجى، مەجھۇل، دۈئاۋىن...

2) ئىسىملارغا «- لىق //- لىك //- لۇق // - لۈك» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ بارلىقىنى مەزمۇن قىلغان بىر قىسىم سۈپەتلەر. مەسىلەن:

ئىزاھلىق، قوراللىق، ترانسكرىپسىيىلىك، ئومۇرتقىلىق، بوتۇلكىلىق، دوپپىلىق...

3) ئىسىملارغا «- لىق //- لىك //- لۇق // - لۈك» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىگە خاس خۇسۇسىيەتنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەر. مەسىلەن:

ئاكۇستىكىلىق، ئارخېئولوگىيىلىك، بىئولوگىيىلىك، گرامماتىكىلىق، كاپىتالىزملىق...

4) رايون نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارغا «- لىق // - لىك // - لۇق // - لۈك» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ، «شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن رايون دەرىجىسىدىكى» دېگەن ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدىغان بىر قىسىم سۈپەتلەر. مەسىلەن:

خەلقئارالىق، مەملىكەتلىك، ئۆلكىلىك، ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك، رايونلۇق...

5) ئۇلاق ۋە قاتناش قوراللىرىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارغا «- لىق // - لىك // - لۇق // - لۈك» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ، شۇ ئۇلاقنى مىنىش ياكى قاتناش قورالىغا ئولتۇرۇش بىلەن خاراكتېرلەنگەن ئالاھىدىلىكنى بىلدۈرىدىغان بىر قىسىم سۈپەتلەر. مەسىلەن:

ئاتلىق، ئېشەكلىك، هارۋىلىق، ۋېلسىپىتلىق، ماشىنىلىق...

6) ئىسىملارغا «- سىز» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ يوقلۇقىنى ياكى ئازلىقىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەر. مەسىلەن:

ئەمگەكسىز، پارتىيىسىز، سانسىز، قەرەلسىز، ماكانسىز، نىكاھسىز، ئۈمىدسىز...

7) ئىسىملارغا «- سىمان» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىگە ئوخشاشلىقىنى بىلدۈرىدىغان بىر قىسىم سۈپەتلەر. مەسىلەن:

ئادەمسىمان، قالقانسىمان، تاجسىمان، پاراشوكسىمان، بامبۇكسىمان...

8) ئىسىملارغا « - ىي // - ۋى» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئى بىلەن خاراكتېرلەنگەن خۇسۇسىيەتنى بىلدۈرىدىغان بىر قىسىم سۈپەتلەر. مەسىلەن:

خىمىيىۋى، رەھبىرىي، روھىي، زىھنىي، سىھرىي، ماددىي، ھاياتىي، دىنىي...

9) ئىسىملارغا «بى - » ئالدى قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ يوقلۇقىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەر. مەسىلەن:

بىباھا، بىپايان، بىتەرەت، بىچارە، بىقارار، بىناماز، بىھاجەت، بىداۋا...

10) پېئىل ئۆزىكىگە «- ما //- مە» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەت نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان ياكى ھەرىكەتكە لايىق بولغان خۇسۇسىيەتنى بىلدۈرىدىغان بىر قىسىم سۈپەتلەر. مەسىلەن:

ئاشۇرما، باسما، يازما، ساپما، قازما، تەۋرەنمە، كۆچمە...

11) ۋاقىت رەۋىشلىرىگە «- قى // - كى» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ، شۇ رەۋىش ئىپادىلىگەن ۋاقىتنى مەزمۇن قىلغان بىر قىسىم سۈپەتلەر. مەسىلەن:

كەچكى، بۇرۇنقى، بۈگۈنكى، ئاۋۋالقى، ئەتىگەنكى، قەدىمكى، ھازىرقى، بايىقى...

12) مىقدارلارغا «- لىق //- لىك //- لۇق //- لۈك» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ، شۇ مىقدار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئالاھىدىلىكنى بىلدۈرىدىغان بىر قىسىم سۈپەتلەر. مەسىلەن:

تونىلىق، لىتىرلىق، دېيۇيملىق، ئايلىق، سائەتلىك، مىسقاللىق...

ئومۇمەن، يۇقىرىقىدەك ياسالما سۈپەتلەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمى سۈپەتنىڭ كېمەيتمە دەرىجە قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنەلمەيدۇ.

3. سۈپەتنىڭ ئاشۇرما دەرىجە شەكلى سۈپەت ئىپادىلىگەن خۇسۇسىيەت، بەلگىنىڭ ئەسلىي دەرىجىدىكىگە قارىغاندا يەنىمۇ كۈچەيگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. سۈپەتنىڭ ئاشۇرما دەرىجە شەكلى سۈپەتنىڭ كېمەيتمە دەرىجە شەكلىدىكىدەك ئۈنۈملۈك ئەمەس. بۇ شەكىلگە كىرەلەيدىغان سۈپەتلەر ئاساسەن شەيئىلەرنىڭ رەڭگى، تۈرقىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەر بىلەنلا چەكلىنىدۇ. سۈپەتنىڭ ئاشۇرما دەرىجە شەكلى ئاۋۋال سۈپەتنىڭ بىرىنچى بوغۇمىنى تەشكىل قىلغان سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئاخىرىغا «پ» تاۋۇشىنى قوشۇپ ئېيتىپ، ئاندىن سۈپەتنى تولۇق ئېيتىش يولى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بىز تەكشۈرگەن سۈپەتلەر ئىچىدە «بۇ خىل ئۇسۇلدا تۈرلىنىپ

كېلەلەيدۇ» دەپ قارالغان سۆپەتلەر 55 سۆز بولۇپ، بۇلار ئومۇمىي سۆپەتنىڭ 0.92 %ىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇلار:

ئاق —ئاپئاق  ئاپئاق قار  باراۋەر — باپباراۋەر  باپباراۋەر مۇئامىلە
تاز —تاپتاز  تاپتاز يول  تاقىر — تاپتاقىر  تاپتاقىر تاغ
تەتۈر —تەپتەتۈر  تەپتەتۈر گەپ  تەخ — تەپتەخ  تەپتەخ نەرسىلەر
تەكشى —تەپتەكشى  تەپتەكشى يول  تەڭ — تەپتەڭ  تەپتەڭ ئېغىرلىق
تەل —تەپتەل  تەپتەل لازىمەتلىكلەر  تەييار — تەپتەييار  تەپتەييار تاماق
توغرا —توپتوغرا  توپتوغرا جاۋاب  توق — توپتوق  توپتوق قورساق
تولۇق —توپتولۇق  توپتولۇق جاۋاب  تۇنۇق — تۇپتۇنۇق  تۇپتۇنۇق ئاسمان
تۈز —تۈپتۈز  تۈپتۈز يول  تېيىز — تېپتېيىز  تېپتېيىز دەريا
تىرىك —تىپتىرىك  تىپتىرىك بېلىق  تىك — تىپتىك  تىپتىك چوققا
تىنچ —تىپتىنچ  تىپتىنچ زال  تىنچىق — تىپتىنچىق  تىپتىنچىق ھاۋا
چاسا —چاپچاسا  چاپچاسا ياغاچ  چوڭ — چوپچوڭ  چوپچوڭ يىگىت
داق —داپداق  داپداق كارىۋات  دۈرۈس — دۈپدۈرۈس  دۈپدۈرۈس گەپ
دۈگىلەك —دۈپدۈگىلەك  دۈپدۈگىلەك شار  دىمىق — دىپدىمىق  دىپدىمىق ھاۋا
زىچ —زىپزىچ  زىپزىچ ئورمان  ساختا — ساپساختا  ساپساختا گەپ
ساراڭ —ساپساراڭ  ساپساراڭ ئادەم  ساغلام — ساپساغلام  ساپساغلام تەن
ساق —ساپساق  ساپساق تەن  سەت — سەپسەت  سەپسەت قىز
سوغۇق —سوپسوغۇق  سوپسوغۇق مۇئامىلە  سۇيۇق — سۇپسۇيۇق  سۇپسۇيۇق لاي
سۈزۈك —سۈپسۈزۈك  سۈپسۈزۈك سۇ  سېرىق — سېپسېرىق  سېپسېرىق گۈل
سېمىز —سېپسېمىز  سېپسېمىز قوي  سىلىق — سىپسىلىق  سىپسىلىق مۇز
شاش —شاپشاش  شاپشاش ئات  شوخ — شوپشوخ  شوپشوخ بالا
قارا —قاپقارا  قاپقارا كۆز  قاراڭغۇ — قاپقاراڭغۇ  قاپقاراڭغۇ ئۆي
قويۇق —قوپقويۇق  قوپقويۇق چاي  قۇرۇق — قۇپقۇرۇق  قۇپقۇرۇق سومكا
قىزىل —قىپقىزىل  قىپقىزىل گالستۇك  كەڭرى — كەپكەڭرى  كەپكەڭرى دالا
كۆك —كۆپكۆك  كۆپكۆك ئاسمان  لىق — لىپلىق  لىپلىق گاز
ئوچۇق —ئوپئوچۇق  ئوپئوچۇق ئىشىك  يات — ياپيات  ياپيات چىراي
ياش —ياپياش  ياپياش بالا  يالىڭاچ — ياپيالىڭاچ  ياپيالىڭاچ بەدەن
يورۇق —يوپيورۇق  يوپيورۇق سىنىپ  يۇمىلاق — يۇپيۇمىلاق  يۇپيۇمىلاق ئۈستەل
يېڭى —يېپيېڭى  يېپيېڭى چاپان  يېشىل — يېپيېشىل  يېپيېشىل قارىغاي

4. سۆپەتنىڭ ئەركىلەتمە دەرىجە شەكلى سۆزلىگۈچىنىڭ شۇ سۆپەت ئىپادىلىگەن بەلگىنى ئامراقلىق ھېسسىياتى بىلەن ياكى ئەسلىدىكىدىن چاققان ھەم چىرايلىقلاشتۇرۇش ھېسسىياتى بىلەن كۆرسەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. سۆپەتنىڭ ئەركىلەتمە دەرىجە شەكلى سۆپەت ئۆزىكىگە « -غىنە //-قىنە //-گىنە //-كىنە» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. سۆپەتنىڭ ئەركىلەتمە دەرىجىسى سۆپەت دەرىجە شەكىللىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئۈنۈمسىز شەكىل بولۇپ، شەيئىلەرنىڭ تۈرقىنى بىلدۈرىدىغان ناھايىتى ئاز بىر قىسىم سۆپەتلەرگىلا قوشۇلۇپ كېلەلەيدۇ. بىز تەكشۈرگەن سۆپەتلەر ئىچىدە بۇ خىل ئۇسۇلدا تۈرلىنىپ كېلەلەيدىغان سۆپەتلەر 46 سۆز بولۇپ، بۇلار ئومۇمىي سۆپەتنىڭ ئاران 0.77%ىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇلار:

ئاددىي —ئاددىيغىنە خىزمەت  ئاز — ئازغىنە مائاش
ئاۋاق —ئاۋاققىنە پەست  ئەپچىل — ئەپچىلگىنە بارماق
ئەبلەك —ئەبلەككىنە قول  بوش — بوشقىنە ئاۋاز
بوغۇق —بوغۇققىنە ئاۋاز  بۇدرۇق — بۇدرۇققىنە بوۋاق
بىجىرىم —بىجىرىمغىنە يىگىت  پاكار — پاكارغىنە ئورۇندۇق
پەتەك —پەتەككىنە بالا  پومپۇلاق — پومپۇلاققىنە بالا
تاتلىق —تاتلىققىنە كۈلۈمسىرەش  تار — تارغىنە كوچا
چاققان —چاققانغىنە ئۆي  چىۋەر — چىۋەرگىنە قول
چۈچۈك —چۈچۈككىنە تىل  خۇشبۇي — خۇشبۇيغىنە پۇراق
خۇشخۇي —خۇشخۇيغىنە مۇلازىم  دوغىلاق — دوغىلاققىنە ئادەم
دۈگىلەك —دۈگىلەككىنە ئالما  دىقماق — دىقماققىنە ئادەم
زىلۋا —زىلۋاغىنە قىز  ساددا — ساددىغىنە كىيىم
سوغۇق —سوغۇققىنە جاۋاب  سېمىز — سېمىزغىنە پاقلان
سىپتا —سىپتاغىنە كۆينەك  سىرلىق — سىرلىققىنە كۈلكە
قاۋۇل —قاۋۇلغىنە ئەر  قوپال — قوپالغىنە جاۋاب
قويۇق —قويۇققىنە ئورمانلىق  قىسقا — قىسقىغىنە ۋاقىت
لايىق —لايىققىنە جاۋاب  لىق- لىققىنە سۇ
نازۇك —نازۇككىنە بارماق  سالقىن — سالقىنغىنە شامال
ئورۇق —ئورۇققىنە كۈچۈك  ئوماق — ئوماققىنە بوۋاق
يۇمشاق —يۇمشاققىنە كۆرپە  كىچىك — كىچىككىنە ۋەقە
ۋىجىك —ۋىجىككىنە بەدەن  ئىسسىق — ئىسسىققىنە چاي
ئىلمان —ئىلمانغىنە سۇ  يېنىك — يېنىككىنە زەخمە
يېقىملىق —يېقىملىققىنە كۈلۈمسىرەش

يۇقىرىقىلارنى خۇلاسىلەش ئارقىلىق تۆۋەندىكى جەدۋەلگە ئېرىشەلەيمىز.

| سۆپەت دەرىجىلىرى | تۈرلىنەلەيدىغان سۆپەت سانى | ئىگىلىگەن نىسبىتى |
|---|---|---|
| ئەسلىي دەرىجە | 5949 | 100% |
| كېمەيتمە دەرىجە | 1402 | 24% |
| ئاشۇرما دەرىجە | 55 | 0.92% |
| ئەركىلەتمە دەرىجە | 46 | 0.77% |

خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىشۇناسلىق ئەسەرلىرىدىكى « سۆپەتلەر دەرىجە كاتېگورىيىسىگە ئىگە» دېيىلگەن كۆزقاراش تومتاقلا ئېيتىپ قويۇلغان بولۇپ، گراماتىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان قوشۇمچە بولۇش ئۈچۈن چوقۇم كۆپ ساندىكى سۆزلەر بىلەن تۈرلىنىپ كېلەلەيدىغان بولۇشى شەرت، لېكىن بۇ قوشۇمچىلاردا بۇ خىل ئالاھىدىلىك كۆرۈلمەيدۇ. سۆپەتنىڭ كېمەيتمە دەرىجىسى بىرقەدەر كۆپ سۆپەتتە كۆرۈلگەندىن باشقا، سۆپەتنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسى ۋە ئەركىلەتمە دەرىجىسى بىلەن تۈرلىنىش ناھايىتى ئاز بىر قىسىم سۆپەتلەر بىلەنلا چەكلىنىدۇ.

**پايدىلانمىلار:**

[1] ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل- يېزىق خىزمىتى كومىتېتى لۇغەت بۆلۈمى: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى (قىسقارتىلمىسى)». ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1999 .

[2] خەمىت تۆمۈر: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى» (مورفولوگىيە). بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى. 1987 .

[3] چىڭ شىلياڭ قاتارلىقلار: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى». ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1996 .

[4] «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.